دوكتۇر ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر



# ۋاكاكا بىلەن ئەيششى

ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشىنىڭ
ئۇچار بېلىقلا ئۇچرىشىشى

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

瓦卡卡和艾希希：维吾尔文 / 黎程程编；哈斯提·阿布来提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2011.5
（博士妈妈讲故事）
ISBN 978-7-5469-1357-5

Ⅰ. ①瓦… Ⅱ. ①黎… ②哈… Ⅲ. ①连环画－作品－中国－现代 Ⅳ. ①J228.4

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2011)第 088966 号

丛书名　博士妈妈讲故事
书　名　瓦卡卡和艾希希
主　编　黎程程
译　者　哈斯亚提·阿布来提
责任编辑　迪丽努尔·阿布都热合曼
责任校对　古丽巴哈尔·托合塔木
制　版　乌鲁木齐标杆集书刊设计有限公司
出　版　新疆美术摄影出版社
　　　　新疆电子音像出版社
发　行　新疆新华书店
印　刷　新疆新华印刷厂
开　本　880 mm × 1230 mm　1/24
印　张　2
版　次　2011 年 5 月 第 1 版
印　次　2011 年 6 月 第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-5469-1357-5
总定价　58.00 元（全十册）



ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى ئالتە ياشقا توشقان قوشكېزەك ئاكا ـ سىڭىل، ئۇلار ئامېرىكىدا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردە بىپايان دېڭىز، يەنە كۆز يەتكۈسىز سايىل بار.



ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭىل جۇڭگوغا بېرىپ، مۇشۇكئېيىقنى كۆرۈپ بېقىشنى، يەنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ ساياھەت قىلىشنى ئويلايتتى. ئۇلار دېڭىزنىڭ قارشى قىرغىقىدا چوقۇم ئىنتايىن گۈزەل ۋە سىرلىق جايلارنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





www.uyghurkitap.com

بىركۈنى، دىڭىز بويىدا ئويناۋاتقان ۋاكاكا تۇيۇقسىز ئەيشىشىدىن:

— سىڭلىم، سەن ئېكسپېدىتسىيە قىلىشنى، دۇنيانى كېزىشنى خالامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەيشىشى دائىم كەپسىزلىك قىلىپ، چاتاق تېرىپ يۈرۈيدىغان ئاكىسى بىلەن خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىشنى خالىمايدىكەن، ئۇ بېشىنى چايقاپ:

— مەن پەقەت جۇڭگوغا بېرىپ مومامنى كۆرۈشنى ئويلايمەن، يەنە سەددىچىن سېپىلى بىلەن مۇشۇكئېيىقمۇ بار، — دەپتۇ.



ۋاكاكا پۇتى ئاستىدىكى قۇملۇقنى كۆرسىتىپ ئەستايىدىللىق بىلەن:

ــ باشقىلاردىن ئاڭلىشىمچە، ئامېرىكىدا تۇرۇپ يەرنى كولاپ، يەرشارىنى تېشىپ چىقساق، دەل جۇڭگوغا چىقىدىكەنمىز، ــ دەپتۇ.

ــ هە، شۇنداقمۇ؟ ــ دەپتۇ ئەيشىشى هەيران بولۇپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ۋاكاكا تۇيۇقسىز بىر ياخشى ئامالنى ئويلاپ چىقىپ، خۇشال هالدا سىڭلىسىغا:

— بىز بىر ئورا كولاپ قارشى تەرىپىگە چىقساق چوقۇم مومامنى چۆچىتىۋېتەلەيمىز، — دەپتۇ. ئەمما ئەيشىشى ۋاكاكانىڭ پىكرىگە قوشۇلماپتۇ ۋە:

— بولمايدۇ، مۇئەللىم بىزگە: «يەرنىڭ ئاستىنىڭ هەممىسى ۋولقان، ناهايىتى قىزىق» دىگەن، — دەپتۇ.



ۋاكاكانىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەپتۇ. ئۇ دېڭىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئەيشىشىغا:

— ئەگەر بىر چوڭ لەيلىمە كومزەك بولغان بولسا، بىز ئۇنىڭدا لەيلىگىنىمىزچە جۇڭگوغا بارغان بولساق ـ ھە؟ — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىسكىتى
www.uyghurkitap.com

ئەيشىشى يەنە قوشۇلماي:

— چوقۇم بولمايدۇ! ئەگەر لەيلىمە كومزەك بىزنى لەيلىتىپ جەنۇبىي قۇتۇپقا ئاپىرىپ قويسا قانداق قىلىمىز؟ ئۇ يەر قار- مۇزغا تولغان دۇنيا، بەك سوغۇق، — دەپتۇ.



ۋاكاكانىڭ تولىمۇ دېڭىزغا چىقىپ تەۋەككۇل قىلغۇسى بار ئىكەن. ئۇ ئويلا - ئويلا يەنە بىر ئامال تېپىپ چىقىپتۇ:

— ئەگەر بىز بېلىققا ئۆزگىرىپ ئۈزۈپ مومامنىڭ ئۆيىگە بىردەمدىلا بارالىغان بولساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە. لېكىن، ئەيشىشى بۇنداق ئويلىماپتۇ، ئۇ:

— بىراق، بىز يولنى بىلمەيمىز - دە، — دەپتۇ.

ۋاكاكا ئاسماندىكى يۇلتۇزلار تۇركۈمىنى كۆرسىتىپ:
ــ قورقۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مەن چوقۇم يۇلتۇز تۇركۈمىنى بىلمەيمەن، ــ دەپتۇ ۋە ئەيشىشى يەنىلا خاتىرجەم بولالماي:
ــ لېكىن كۈندۈزدە، يۇلتۇز يوق ۋاقىتتا قانداق قىلىمىز؟ ناۋادا بىز غەلىتە مەخلۇقلار بار ئارالغا بېرىپ قالساقچۇ؟ ــ دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىسىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا قايىل بولمىغان ھالدا:

— نېمىدېگەن جىق «لېكىن» ئۇ؟ قاراپ تۇر، مەن چوقۇم بىر ياخشى ئامال تېپىپ چىقىمەن! — دەپتۇ. ئەيشىشى ئۇنىڭ كىيىمىنى تارتىپ، ئۆتۈنۈپ:

— ئاكا، سەن چوقۇم مېنى بىرلىكتە ئېلىپ بارغىن، جۇمۇ؟ — دەپتۇ.



ئەيشىشى كىچىك ھايۋانلارنى تەتقىق قىلىشقا ئامراق ئىكەن. ئەتىگىنى ئۇ ھويلىدىكى كوكۇس دەرىخىنىڭ ئاستىدا چۇمۇلىلەرنىڭ ئۆي كۆچۈشىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقاچقا، ھەتتا ۋاكاكانىڭ ئارقىسىدا ئىكەنلىكىنىمۇ تۇيماپتۇ. ۋاكاكا ئىڭىشىپ قاراپ باققاندىن كېيىن، كۆڭلىدە: بۇ بىر توپ چۇمۇلىلەرنىڭ كۆرگىدەك نەرى باردۇر ئەمدى؟ دەپ ئويلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا سىڭلىسىنىڭ پۈتۈن دىققىتى بىلەن چۈمۈلىلەرنى كۆزى-
تىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىزىنى قىيسايتىپ ھەجايغىنىچە، بىر
يامان چارە ئويلاپ چىقىپتۇ: ھە، ئۇنى بىر قورقاتمىسام.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋاكاكا ئۆيگە كېلىپ ئىشكاپلارنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ، يەرگە بىرمۇنچە ئويۇنچۇقلارنى چېچىۋېتىپتۇ. ئانىسى بۇنى كۆرۈپ:

— ۋاكاكا، نېمە ئىزدەۋاتىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

ۋاكاكا ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يالغاندىن ئويۇنچۇق ئىزدىگەن بولۇۋېلىپ ئانىسىدىن:

— ئانا، مېنىڭ ھېلىقى ئويۇنچۇق يىلىنىمچۇ، يوق تۇرىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ، ئانىسى غەلىتىلىك ھېس قىلىپ:

— ئۇنى سوراپ نېمە قىلىسەن؟ سىڭلىڭ قورقىدىكەن، شۇڭا تاشلىۋەتتىم، — دەپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا سىڭلىسىنى قورقىتىدىغان ئويۇنچۇق يىلاننى تاپالمىغانلىقىدىن ناھايىتى ئەپسۇسلىنىپتۇ. تۇيۇقسىز ئۇ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان پۇرچاق تورتنى كۆرۈپ قاپتۇ. ياپيېشىل ھەم مەززىلىك تورتنى كۆرگەنلىكى ئادەمنىڭ يېگۈسى كېلەتتى.

ۋاكاكا پۇرچاق تورتىنى يېمەكچى بولۇپ قولىنى ئۇزۇتۇپلا يەنە كۆزلىرىنى قىسىپ كۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەسلىدە، ئۇنىڭ كاللىسىدا يەنە بىر يامان ئوي پەيدا بولغان ئىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاشخاندا تاماق ئېتىۋاتقان ئانىسى، ۋاكاكانىڭ ئۈستەل يېنىدىن كەتمەي بىر نېمىلەرنى قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ قىزىقىپ سوراپتۇ:

— ۋاكاكا، نېمە قىلىۋاتىسەن؟

— ھېچنېمە، ھېچنېمە قىلمىدىم، — دەپتۇ ۋاكاكا تورتنى قولىدا مىجىقلاپ تۇرغىنىچە ھودۇقۇپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىستى
www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا، ئەيشىشى يەنىلا دەرەخ ئاستىدا چۇمۇلىلەرنىڭ ئۆي كۆچۈشىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغانىكەن، ۋاكاكا سىڭلىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈنۈۋېلىپ، يېشىل پۇرچاق تورتىدىن ياسىغان «قۇرۇت»نى ئاستاغىنە سىڭلىسىنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ قويۇپتۇ.

ۋاكاكا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ھىجايغىنىچە:

— سىڭلىم، سەن تېخىچە ئاشۇ چۇمۇلىلەرگە قاراپ ئولتۇرامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەيشىشى ۋاكاكانىڭ يامان نىيىتىنى قىلچىمۇ سەزمەپتۇ، ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن:

— قارا ماۋۇ تىك قۇيرۇقلۇق چۇمۇلىلەرگە، ئۇلار ناھايىتى قىزىقارلىق ئىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.



ئەيشىشى ھاياجانلانغان ھالدا چۈشەندۈرۈشكە باشلاپتۇ:

ــ تېنك قۇيرۇقلۇق چۈمۈلىلەر ھاياجانلانغاندا ياكى تەسرگە ئۇچرىغاندا، يۇمۇلاق قورسىقىنى ئېگىز قىلىۋالىدىكەن، ئاندىن تېز يۈگۈرۈپ ماڭىدىكەن، شۇڭىمۇ ئۇلارنى «سېرىك ئارتىسى» دەپ ئاتايدىكەن، نېمىدېگەن قىزىقارلىق ـ ھە.



www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا ئەيشىشىنىڭ كىچىك ھايۋانلارنى ناھايىتى ئاسرايدىغانلىقىنى بىلىپ، قەستەن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ، پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— چۈمۈلە دېگەن زىيانلىق ھاشارات، مېنىڭ ئۇلارنى قانداق يوقىتىدىغانلىقىمنى كۆرۈپ تۇر، — دەپتۇ.

ئەيشىشى قورقىنىدىن چىرايى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال ئۇنى توسۇپ:

— ئاكا، بۇنداق چۈمۈلىنىڭ ئۈچلۇق زەھەر نەشتىرى بار، ئادەمنى يارىلاندۇرالايدۇ! — دەپتۇ.

— ھىم، ئۆزۈمنىڭ ئامالى بار، — دەپتۇ ۋاكاكا قايىل بولمىغاندەك. ئەيشىشى ئۇنىڭ يەنە قانداق يامان چارە تېپىپ چىققانلىقىدىن گۇمانلىنىپ، ئالدىراپ ئۇنىڭدىن:

— قانداق ياخشى ئامالىڭ بار؟ — دەپتۇ.



www.uygurkitap.com



— مەن سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنى تۇنجۇقتۇرۇۋېتىمەن، — دەپتۇ ۋاكاكا. ئەيشىشى قولىنى شىلتىپ:

— بولمايدۇ، بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش نىمدىگەن ۋەھشىيلىك! — دەپتۇ.

ۋاكاكا سۆزلەۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ئىشنى بايقىغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەيشىشىنىڭ مۇرىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ئاپلا، سېنىڭ مۇرەڭدە بىر كۆك قۇرت تۇرىدۇ، — دەپتۇ، ئەيشىشنى قۇرتتىن ئىنتايىن قورقىدىكەن، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قورقۇپ سەكرەپ، ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— ئاكا، تېز ئۇنى ئېلىۋەتكىن.





ۋاكاكا ئۇ «قۇرۇت»نى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەيشەشغا:

— سېنى ئالدىمىغاندىمەن؟ قارا، بۇ قۇرۇتنىڭ سېمىزلىكىگە، — دەپتۇ.

ئەيشەشى قۇرۇتنىڭ ئاكىسىنى چېقىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئالدىراپ:

— تېز تاشلىۋەت، بولمىسا سېنى چېقىۋالىدۇ، — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

ۋاكاكا ئۆزىنى باتۇر كۆرسىتىپ، قولىدىكى «قۇرۇت»قا:

— سەن ئەبلەخ، ئەيىشىنىڭ مۇرىسىگە چىقىۋېلىپ نېمە قىلىسەن، ئۇنى چىقىۋالماقچىمۇ؟ ئۇ قۇرۇتتىن بەك قورقىدۇ، بۇنى بىلمىدىڭما؟ قاراپ تۇر، سېنى ئۇرۇپ ياپىلاق قىلىۋەتمەيدىغان بولسام! — دەپتۇ.

ئەيىشى ۋاكاكانىڭ راستىنلا قۇرۇتنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن ئەنسىرەپ:

— ئاكا، ئۇنى ئۆلتۈرمە، تېز تاشلىۋەت، — دەپ ۋارقىراپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋاكاكا سىڭلىسىنىڭ راستىنلا قورقىنىنى كۆرۈپ، «قۇرۇت»نى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ناھايىتى ئاچچىقلانغاندەك:

— ئەمىسە مەن سىنى يەۋېتەي، سىنىڭ ئەيشىشىنى بوزەك قىلىشىڭنى ئەمدى بىر كۆرەي! — دەپتۇ. ئەيشىشى قورقىنىدىن گەپمۇ قىلالماي قاپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ۋاكاكا بىر چىشلەپ «قۇرۇت»نىڭ يېرىمىنى ئېغىزىغا سېلىپ، چايناپ تۇرۇپ:

— يەيمەن، يەيمەنغۇ تازا، يەۋېتىمەن سېنى، مەن سەندىنمۇ ئەسكى، — دەپتۇ. ئەيشىشى قورقىنىدىن :

— ئاكا، ياق، نېمىدېگەن يىرگىنىشلىك! — دەپ يىغلاپتۇ.

ۋاكاكا كۆڭلىدە خۇشال بولۇپ، ئېشىپ قالغان «قۇرۇت»نىڭ يېرىمىنى ئەيشەشغا ئۇزۇتۇپ:

— سىڭلىم بۇنى سەنمۇ تېتىپ باققىن، بەك يېيىشلىك، — دەپتۇ. ئەيشەشى كۆزىنى ئېتىۋېلىپ يىغلاپ كېتىپتۇ:

— هۇ، هۇ، هۇ، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق.



ئەيشىشى ئاكىسىنىڭ زەھەرى بار قۇرۇتنى يېگەنلىكىنى كۆرۈپ قورقىنىدىن جېنىنىڭ بارىچە ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ، ئۇ بىر تەرەپتىن يۈگۈرۈپ ، بىر تەرەپتىن:

— ئانا، بولمىدى، ئاكام كۆك قۇرتنى يەۋەتتى، ئۇنى قۇتقۇزۇۋال، — دەپ ۋارقىراپتۇ. ۋاكاكا سىڭلىسىنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

تىك قۇيرۇقلۇق چۈمۈلىلەرنىڭ مالىمانچىلىقى ئۆتۈپ كېتىشىگە، بۈگۈن كەپىنىز ۋاكاكا يەنە چاتاق چىقىرىپتۇ. ئەيشىشى دومسايغىنىچە ئۆيگە قايتىپ كەپتۇ. ۋاكاكامۇ بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كىرىپتۇ، ئۇنىڭ يۈزلىرى، كىيىملىرى مەينەت بولۇپ كەتكەن ئىكەن.

ئەيشىشى ئاكىسىنىڭ قىلغان ئىشىنى ئويلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆز يېشىنى توختىتالماپتۇ، ئانىسى ۋاكاكا سىڭلىسىنى يەنە بوزەك قىلغان ئوخشايدۇ دەپ بىلىپ ئەيشىشىدىن:

ــ ئاكىڭىز يەنە سىزنى بوزەك قىلدىمۇ؟ــ دەپ سوراپتۇ. ئەيشىشى بېشىنى چايقاپ:

ــ ئانا، ئاكام، ئاكام يەنە چاتاق چىقاردى، ھۇ، ھۇ، ھۇ، ــ دەپ يىغلاپ كېتىپتۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ــ نېمە بولدى؟ يەنە قانداق يامان ئىش قىلدىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ دادىسى ۋاكاكادىن ئاچچىغلانغاندەك. ۋاكاكا ئۆزىنىڭ چاتاق چىقارغانلىقىنى بىلگەچكە، بېشىنى تۆۋەن قىلىپ خىجىل بولغان هالدا:

ــ مەن لىن دا هەدەمنىڭ ئۆيىدىكى ئىتنى قوغلاپ ئويناۋاتقان، دىققەتسىزلىكتىن ئۇ ئىت كۆلگە چۈشۈپ كەتتى، ــ دەپتۇ. ئانىسى هەيران بولۇپ:

ــ هە، ئۇ ئىت قانداق بولدى؟ ــ دەپ سوراپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ــ ئىت ئۆلگىلى تاس قالدى، ــ دەپتۇ گەيشىشى يىغلامسىراپ، ئانىسى ۋاكاكادىن:

ــ سەن لىن دا ھەدەگدىن كەچۇرۇم سورىدىڭمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ، ۋاكاكا بېشىنى تۆۋەن سىلىپ، بوش ئاۋازدا:

ــ كەچۇرۇم سورىدىم، ھەدەم مېنى كەچۇرۇۋەتتى، ــ دەپتۇ، دادىسى بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ:

ــ بۇ بالا نېمىشقا مۇشۇنداق چاتاق تېرىپلا يۇرۇيدىغاندۇ، ــ دەپتۇ.




www.uyghurkitap.com

دادا بىلەن ئانا ئىككىيلەن مېھمانخانا ئۆيدە پاراڭلىشىۋاتقاندا، ۋاكاكا ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈنۈۋېلىپ، ئوغرىلىقچە ئىككىسىنىڭ پارىڭىنى ئاڭلىۋاپتۇ.

— دەننى ھازىر بىر «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى» ياساۋېتىپتۇ، ئاڭلىسام ئۇ ئادەمنى ھەر خىل دېڭىز- ئوكيان ھايۋانلىرىغا ئۆزگەرتەلەيدىكەن، — دەپتۇ دادىسى.

— ناھايىتى قالتىسكەن! — دەپتۇ ئانىسى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— بىز ۋاكاكاغا ياخشى قارايلى، ئۇنىڭ يەنە دەننىنىڭ يېنىغا بېرىپ قالايمىقان قىلىشىنى قەتئىي توسايلى، — دەپتۇ دادىسى كەپسىز ۋاكاكانىڭ يەنە چاتاق چىقىرىشىدىن ئەنسىرەپ.

ۋاكاكا ئىشىكنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى، دېڭىز ھايۋىنى، دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ.





ۋاكاكانىڭ كۆزى بىردىنلا يورۇپ كېتىپتۇ. ئۇ بىر ۋەھشىي، تەڭداشسىز ئاكۇلاغا ئۆزگىرىپ، دېڭىزدا پادىشاھ بولۇپ بارلىق دۈشمەنلىرىنى مەغلۇپ قىلىشنى ئويلاپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



ۋاكاكا سىڭلىسىنى باشلاپ قوشنىسى دەننىنىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ، ئۇ ماڭغاچ هاياجانلانغان هالدا:

ــ سىڭلىم، مەن ساڭا بىر خىسلەتلىك نەرسىنى كۆرسىتىپ كېلەي، ــ دەپتۇ. ئەينىشىنى ئۇنىڭ يەنە قانداق يامان هىيلە ئويلاپ تاپقانلىقىنى بىلەلمەي:

ــ ئاكا، سەن يەنە چاتاق چىقارماقچىمۇ؟ سېنىڭ ئالدىنقى قېتىم هەرە ئۇۋۇسىنى چۇۋۇغانلىقىڭنى ئانامغا دېيىشكە پېتىنالمىغانىدىم، ــ دەپتۇ.





www.uygburkitap.com





ۋاكاكا ناھايىتى سىرلىق قىلىپ ئەيشىشىغا:

— سىڭلىم، بۇ قېتىم مەن سېنى دېڭىزنى ساياھەت قىلىشقا ئاپىرىمەن، — دەپتۇ. ئەيشىشى ئاڭلاپ ھاياجانلانغانلىقىدىن ۋارقىراپ كېتىپتۇ:

— راستمۇ؟ بەك ياخشى بولدى! ئاكا، سەن چوقۇم گېپىڭدە تۇرغىن - ھە!

# تىك قۇيرۇقلۇق چۈمۈلە



تىك قۇيرۇقلۇق چۈمۈلە، چۈمۈلىلەر ئائىلىسىگە تەۋە بولۇپ، بەدەن ئۇزۇنلۇقى ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ، رەڭگى قارا، پارقىراق، كۆكرەك قىسمى سۇ تامچىسى شەكلىدە بولىدۇ، ئۇلار دېڭىز بويىدا ۋە تاغلاردا ياشايدۇ، توپلىشىپ ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، زەربىگە ئۇچرىغاندا ئۇلار قۇيرۇقىنى دۈمبىسىدىن ئېگىز قىلىپ كۆتۈرۈۋالىدۇ، بۇ ھالىتى ئۇلارنى ناھايىتى ئوماق كۆرسىتىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا كۆكرىكىدىن بىر خىل سېسىق كىسلاتا پۈركۈيدۇ، چېقىۋالسا ھەم ئاغرىيدۇ، ھەم قىچىشىدۇ. كىچىك دوستلار ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، سىلەر ھەرگىزمۇ ۋاكاكاغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ چېقىشىغا تەگمەڭلار.



## كېيىنكى قىسمىنىڭ مەزمۇنى

«ئۇچالايدىغان بېلىق» دەننى تاغا ۋاكاكا ئاكا ـ سىڭلىلىنىڭ قوشنىسى، ئۇ بىر «خىيالىي ساياھەت ماشىنىسى» دەپ ئاتىلىدىغان ئاجايىپ ماشىنىنى ياساپ چىقىدۇ. بۇ ماشىنا ئادەمنى ھەر خىل ھايۋانلارغا ئۆزگەرتەلەيدىغان بولۇپ، ئادەم بېلىققا ئۆزگىرىپ دېڭىزدا ئەركىن ئۈزەلەيتى. ئاخىرىدا ۋاكاكا بىلەن ئەيشىشى راستىنلا بىر جۈپ ئۇچار بېلىققا ئۆزگىرىدۇ، بۇنداق بولغاندا ئۇلار ھەم ئۈزەلەيدۇ، ھەم ئۇچالايدۇ، نېمىدېگەن قالتىس ـ ھە!





بىلىم ــــ قولىڭىز يېتىدىغانلا جايدا.

بۇ كىتاب سىزگە ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىدۇ.

بۇ كىتاب بالىلارنى ئىلىم - پەن قەسرىگە باشلاپ بارىدۇ.

www.uyghurkitap.com






مەجمۇئە نامى: دوكتور ئانا سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىلەر

كىتاب نامى: ۋاكاكا بىلەن ئېيشىشى

تۈزگۈچى: لى چېڭچېڭ

تەرجىمە قىلغۇچى: خاسىيەت ئابلەت

مەسئۇل مۇھەررىرى: دىلنۇر ئابدۇراخمان

مەسئۇل كوررېكتورى: گۈلباھار توختەم

بەت ياسىغۇچى: ئۈرۈمچى بىياۋگەنجى كىتاب لايىھەلەش چەكلىك شىركىتى

نەشرىيات: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى

زاۋۇت: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى

فورماتى: 880mm × 1230mm 1/24

باسما تاۋىقى: 2

نەشرى: 2011 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2011 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5469-1357-5

ئومۇمىي باھاسى: 58.00 يۈەن (جەمئىي ئون كىتاب)

5.80

ISBN 978-7-5469-1357-5

9 787546 913575 >

总定价:58.00元(全十册)